# كىمكى قەرزدارغا مۆھلەت بەرسە ياكى ئۇنىڭدىن قەرزنى ئۆتنۈەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى ئۆزىنىڭ ئەرشىنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە بولمىغان قىيامەت كۈنىدە ئەرشىنىڭ سايىسى ئاستىدا سايىدىتىدۇ

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى قەرزدارغا مۆھلەت بەرسە ياكى ئۇنىڭدىن قەرزنى ئۆتنۈەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى ئۆزىنىڭ ئەرشىنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە بولمىغان قىيامەت كۈنىدە ئەرشىنىڭ سايىسى ئاستىدا سايىدىتىدۇ».
[تېكىست توغرا] [تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قەرزدارغا مۆھلەت بەرگەن ياكى ئۇنىڭدىن قەرزنى ئۆتنۈەتكەن كىشىنىڭ ئېرىشىدىغان مۇكاپاتى توغرىسىدا: ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى قۇياش ئىنسانلارنىڭ بېشىغا يېقىن بولۇپ، ئۇنىڭ ھارارىتى كۈچلۈك بولىدىغان قىيامەت كۈنىدە ئۆزىنىڭ ئەرشىنىڭ سايىسى ئاستىدا سايىدىتىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەردى. بۇ كۈندە ئاللاھ سايىداتقان كىشىدىن باشقا ھېچ قانداق بىر كىشى سايىدايدىغان بىر سايە تاپالمايدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4186